# لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ نى ئېيتىش جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

هل النطق بالشهادتين كافٍ لدخول الجنة ؟

**[باللغة الأويغورية]**


مۇپتى:مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: محمد سالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ

المترجم: محمد يوسف

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**



islamhouse.com

# لائىلە ئىلللەلللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇلللاھ نى ئېيتىش جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

نومۇرلۇق سوئال82857

**سوئال:**

مەلۇم بىر ئائىلە كىشىلىرى«لائىلە ئىلللەلللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇلللاھ»نى ئېيتىش دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا يېتەرلىك دىگەن كۆز قاراشتا بولارنىڭ ئېتىقادى توغرىمۇ ۋە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

**جاۋاب:**

ئىسلام بۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشلا ئەمەس. بەلكى بۇ ئىككى شاھادەتنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنلاش لازىم. شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنى ئېيتقان ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان بولىدۇ. ئىسلامنىڭ پىرىنسىپى - ئېتىقاد، شاھادەت ئېيتىش ۋە ئەمەل قىلىشتۇر. ئۇبباد ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:« كىمكى ئالللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئالللاھنىڭ بەندىسى، بەندىسىنىڭ بالىسى، مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن يۈۋلەنگەن روھ ، جەننەت ھەق، دوزاخمۇ ھەق، دەيدىكەن، ئالللاھ ئۇكىشىنى سەككىز جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكىدىن كىرىشنى خالىسا شۇ ئىشىكتىن كىرگۈزىدۇ».

ئىمام ئابدۇلۋەھاب مۇنداق دېگەن:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ« كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق..»دېگەن سۆزى بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، مەزمۇنىغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ھاللىرىدا تولۇق ئەمەل قىلغان ھالدا ئېيتسا دېگەنلىكتۇر. ئىككى شاھادەت ئۈچۈن ئىلىم، ئىشەنچ ۋە ئەمەل شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ:« بىلگىنكى، ئۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوقتۇر»دېگەن. ئەمما بۇ ئىككى شاھادەتنى مەنىسىنى بىلمەي، مەزمۇنىغا ئىشەنمەي ياكى ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرمەي ئاغزاكى ئېيتىش پايدا بەرمەيدۇ.

قۇرتۇبىي « مۇسلىم ھەدىسلىرىغا چۈشەنچە»دېگەن كىتابىدا، «ئىككى شاھادەتنىلا ئېيتىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى قەلبتىن چىن ئىشىنىش شەرت» دەپ مەخسۇس باب توختىتىپ مۇنداق دېگەن: بۇئىككى شاھادەتنىلا ئېيتىش كۇپايە دەيدىغان مەزھەبنىڭ خاتالىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان باب بولۇپ، بۇ بابنىڭ ھەدىسلىرى بۇ مەزھەبنىڭ ئازغۇنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇناپىقنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. مۇناپىقلار كاپىرلاردۇر. يۇقىرىقى ھەدىس ئىككى شاھادەتنىڭ بىلىش، چىن ئىشىنىش ۋە ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن مۇجەسسەملەنگەن بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. (فەتھۇلمەجىد 36- بەت).

« ئاللاھتىن باشقا ئىلاھي مەبۇد بەرھەق يوق» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن يەتتە شەرت بار. بۇ شەرتلىرى تولۇق بولمىغان شاھادەت پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار مۇنداق:

1 ـ بۇ شاھادەتنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلىش.

2ـ شەكسىز ئىشىنىش.

3 ـ چىن يۈرەك بىلەن قوبۇل قىلىش.

4 ـمەزمۇنىغا تولۇق بويسۇنۇش.

5 ـ چىن ئىخلاس قىلىش.

6 ـ ئىقرارىدا راستچىل بولۇش.

7 ـ بۇ كەلىمىگە مۇھەببەت باغلاش.

« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ھەق ئەلچىسىدۇر»دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ قوبۇل بولىشىنىڭ شەرتلىرىمۇ يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ ئۆزىدۇر.